مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز: 2

# ئائىلە ھوزۇرى

**دوكتور زەكىيە دەمىر**

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

**2011**

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلدار كۆكتۈغ
تەھرىرى: س. كۆكتۈغ
كوررېكتور: س. كۆكتۈغ
بەتچىك: ئا. روزى توختى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

ئالاقىلىشىش ئادرىسى:
Ördek Kasap Mah. Millet Cad. Gülşen Apt.
No: 108 D: 5 Çapa - Fatih/İstanbul/Türkiye
Tel: 0090 - 212 - 523 28 77
E - mail: infon@maarip.org

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 5
مۇقەددىمە ........................................ 11
ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشى ........................ 13
ئائىلىنىڭ مۇھىملىقى ........................... 19
ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۇنيا ئارىسىدىكى
مۇناسىۋەت ........................................ 22
ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى ........................... 25
ئائىلىدىكى ۋەزىپىلەر .......................... 29
پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىتا
مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىلىرى .................. 36
پەرزەنتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان
مەسئۇلىيىتى ...................................... 39
ھوزۇرلۇق ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈن نېمىلەر
بولۇشى ۋە نېمىلەر بولماسلىقى لازىم؟ ......... 40
قۇسۇر تاپقۇچى ئەمەس، بەلكى قۇسۇر ياپقۇچى
بولۇش كېرەك ..................................... 44
ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ كۈچ چىقىرىش كېرەك
.......................................................... 46
قانائەتچان بولۇش، ھەمىشە ”يوق“ دەپ
تۇرۇۋالماسلىق .................................... 47
مېھرى ـ مۇھەببەتلىك ۋە مەدھىيىلىك
سۆزلەرنى قىلىش ................................ 51
جورىنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتمەسلىك ........ 53

”بىز“ بولۇشى كېرەك ................................ 55
مۇناسىۋەت يوللىرى ئوچۇق بولۇشى لازىم ..... 57
ئورتاقلىشىش............................................ 61
خۇشپېئىل بولۇش ................................ 63
پاكىزە بولۇش كېرەك................................ 65

# كىرىش سۆز

ئىنسان ـ جەمئىيەتتە ياشايدىغان مەۋجۇدىيەتتۇر. توپلىشىپ ياشايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا هوزۇر ـ هالاۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى هەر شەخس ئۆز هەق ـ هوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيىتى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن كىشى ئائىلىسى ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلالايدۇ.

﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن هايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەت ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتكە ئىگە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، ﴿ئۇ كۈن (قىيامەت كۈنى، دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾[2] دېگەن ئايەت ئەقلىدىن تارتىپ بېرىلگەن سان ـ ساناقسىز نېئمەتلەر ئۈچۈن

---

[1] سۈرە قىيامەت، 36 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەكاسۇر، 8 ـ ئايەت.

ئىنسانىنىڭمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلماقتا.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە داۋالغۇش ھاسىل قىلىۋاتقان سان - ساناقسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىنسانىيەت شان - شەرىپىگە لايىق پارلاق كېلەچەك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ زىممىسىگە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر چۈشمەكتە. بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانلىق ئالىمىنى تەھدىد قىلىۋاتقان ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق، مۇھىت بۇلغىنىشى، تەبىئىي ئاپەتلەر، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، تەڭسىز رىقابەت، ئەخلاقىي گۇمرانلىق، مەنىۋىيەتنىڭ كىرىلىنىشى، كەيىپ قىلغۇچى ماددىلارغا ئۆگىنىپ قېلىش، ئېتىقادسىزلىق، زۇلۇم، پارىخورلۇق، سەھىيە شارائىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، مائارىپ ۋە قانۇن ساھەسىدە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، تارىخىي ۋە مەدەنىي بايلىقلارنىڭ يوق قىلىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىئالوگ، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىكى كەمچىللىك، ئۆزگە يات نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالماسلىق ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ماكاندا ھوزۇر ۋە

تىنچلىق ئىچىدە ياشاش مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەھشىيلىك ۋە تېرورىزمغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئىچىدە ياشىماقتىمىز.

بۇ مەسىلىلەر پەقەت مەلۇم بىر جاي، رايون ياكى خەلققىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىلدە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلدۈرمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى تېگىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ياكى خەلقئارا جەمئىيەتتە چارە - تەدبىرلەر ئىزدەنمەكتە.

ئەسلىدە بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تېگىدە ئۆزىمىزدە مەۋجۇت بولغان بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەسلىكىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقىمىز ياتماقتا. بۇ سەۋەپتىن بۇ بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم. شۈبھىسىزكى، بىز ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئېتىقاد ۋە تەلىملىرى بىلەن 14 ئەسىردىن بۇيان ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەن نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامدۇر.

بۈگۈن، ئىنسان ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن، ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى كۈرەشكىچە پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى ياكى دۆلەتلىرى دىنىنىڭ مۇداخىلىسىگە،

ياردىمىگە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا «مۇقەددەس كۆچ»گە موھتاج بولماقتا.

ئىسلام دىنى زامانىۋىلىقتا ياردەم بېرەلەيدىغان، زامانىۋى دۇنيا ئۈچۈن يېڭى دىنىي چارىلەر تېپىپ بېرەلەيدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە دىندۇر. بۇ سەۋەپتىن مۇقەددەس دىنىمىز بۇيرىغان ۋە تەۋسىيە قىلغان تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ياردەملىشىشكە ئوخشاش پرىنسىپلارغا قۇلاق سېلىپ، بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى بىلىشىمىز، مۇرىنى - مۇرىگە تىرىشىمىز، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىمىزدىن بىللە ئۆتكۈزۈشىمىز، ياشىغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىجتىمائىي ياردەملىشىش ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئاساس قىلغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىز، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز، شاد - خۇراملىق ۋە ھوزۇر - ھالاۋەتكە تولغان ئەتىلەرگە بىرلىكتە يېتىشىمىز لازىم.

نەشرىياتىمىز خەلقىمىزنىڭ دىنىي تەلەپ — ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوزۇرى ۋە بىرلىكىنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئائىلە ئىچى مەسىلىلىرى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىدا ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈلۈۋاتقان قالايمىقانچىلىق، ئۆرپ - ئادەت جىنايەتلىرى، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە

قىلىنىشى، ئىجتىمائىي مۇھىتقا پەرۋاسىز قاراش، ناچار ۋە يامان خۇي ـ ئادەتلەرگە ئوخشاش ئاممىۋىي شەكىلدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە دىنىي جەھەتتىن كەڭ جامائەتچىلىككە يول كۆرسىتىشنى ۋە بۇ ساھەدە مەۋجۇت بولغان خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىشنى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ۋە تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلمەكتە. ئىناق ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشايدىغان، بىر ـ بىرىمىزگە ئىنسان سۈپىتىدە ھۆرمەت ۋە شەپقەت كۆرسىتىدىغان بىر دۇنيا بەرپا قىلىشتا مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەبەدىي ئۆچمەس مەشئەل قىلىشنى مەقسەت قىلماقتىمىز.

بۇ مەقسەتتە تەرجىمە قىلىنغان «مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ تىزىسى زامانىۋىي مەسىلىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى، كۈنىمىز دۇنياسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇلغان توغرا چۈشەنچە بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىمىزنى، توغرا بولغان دىنىي چۈشەنچىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا رەھبەرلىك قىلغان بىر مەنىۋىيەتنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

# مۇقەددىمە

ئائىلە دېگەن نېمە؟ ئائىلە ـ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىكتۇر. كىچىك ئائىلە، ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلاردىن، چوڭ ئائىلە بولسا، ئاتا- ئانا ۋە بالىلاردىن باشقا يەنە چوڭ دادا، چوڭ ئانىغا ئوخشاش يېقىن تۇغقانلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئائىلە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىدۇر. مۇستەھكەم ئائىلە قۇرۇلمىسى ساغلام جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئائىلە، مىننەتسىز سۆيگۈ ۋە پىداكارلىقنىڭ بۆشۈكى، بىلىم ۋە ئەخلاقنىڭ، ئۆرپ ـ ئادەت تەربىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماكانى، شۇنداقلا ھايات ئېتىزىنىڭ تۇنجى ئۇرۇقلىرى تېرىلىدىغان جايدۇر.

ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى، دىنىي ھاياتىمىزنى توسالغۇسىز داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى شەخسنى نىشان قىلىدۇ، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزىدۇ. بۇ ئېتىقاد ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ شەكىللىنىدىغان يېرى ئائىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلە مۇئەسسەسىنىڭ قوغدىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى،

جەمئىيەتنىڭ ئاسايىشى ۋە شەخسنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بەختلىك شەخسلەردىن قۇرۇلغان ئائىلىلەر ئىناق جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ سەۋەپتىن ئائىلىدە ھوزۇرنىڭ بولۇشى ئائىلە مۇقىملىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بەختسىز كىشىلەردىن بەختلىك ئائىلە ۋە ساغلام جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

# ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشى

«ئى ياشلار! ئاراڭلاردا ئۆيلىنىشكە كۈچى يېتىدىغانلار ئۆيلەنسۇن»[1].

ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھاياتنى بىرلەشتۈرۈشى بىلەن باشلىنىدۇ، كېيىنچە پەرزەنتلەر دۇنياغا كېلىدۇ. ئەر ـ ئايالنىڭ بىرلىشىشى نىكاھ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. نىكاھلىنىشنى مەقسەت قىلمىغان ئەر ـ ئايالنىڭ بىللە ياشىشى ئائىلە ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى ئائىلە مۇئەسسەسىسى ئۆتكۈنچى ھەۋەس ۋە ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قايغۇ ۋە خۇشاللىقلارنى بىرلىكتە ياشاش، ھاياتنىڭ يۈكىنى بىرلىكتە كۆتۈرۈش، راھەت ـ پاراغەتتىن بىرلىكتە بەھرىلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلۇشى كېرەك. شۇڭا ئۆيلىنىش قارارىغا كېلىش ئۈچۈن زور جاسارەت، نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىرادە كېرەك بولىدۇ. قۇرئانى كەرىم ۋە

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. ئەر بىلەن ئايالنى ئاللاھ بەلگىلىگەن چەك ـ چېگرا ئىچىدە (يەنى، يېقىن تۇغقانلار توي قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق قاتارلىق) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي بىللە ياشاشقا دەۋەت قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

جەمئىيەتنىڭ ھۈلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئائىلىنى قۇرىدىغان شەخسلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. يەنى بۇ ئىككى كىشى بىر ـ بىرىگە ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلاپ[1]، بىر ـ بىرىگە خۇددى كىيىم بولۇشى كېرەك[2]. كىيىم كىشىنى يازدا ئىسسىقتىن، قىشتا سوغۇقتىن قوغدايدۇ. نىكاھلانغان ھالال بىر جۈپلەرمۇ ھاياتنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى تەڭ باشتىن كەچۈرىدۇ. كىيىم ۋۇجۇدتىكى نۇقسانلارنى يېپىپلا قالماي، يەنە كىشىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى يوشۇرۇپ، ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆتتۈرىغا چىقىرىدۇ. كىيىم يەنە

---

[1] سۈرە رۇم، 21 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] سۈرە بەقەرە، 187 ـ ئايەتكە قاراڭ.

كىشىنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى يېپىپ، گۇناھتىن ساقلايدۇ. ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە قارشى تەرەپنى گۇناھلاردىن ساقلىغۇدەك كىيىم بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، شۇنداقلا جەمئىيەت ئۇچۇن ئالاھىدە مۇھىم بولغان بۇ مۇئەسسەسەنى يەنى ئائىلىنى قۇرىدىغان شەخسلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر قانداق بولۇشى كېرەك؟

پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭ شەرتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«دۇنيا ماددىي نەرسىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە سالىھ ئايالدۇر»[1].

«بىر ئايالغا ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى، جەمەت ـ نەسەبى، ھۆسىن ـ جامالى ۋە دىن ـ دىيانىتى قاتارلىق تۆت نەرسىگە قارىلىدۇ. سەن دىيانەتلىك خوتۇن ئالغىنكى، ئاللاھ سېنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ»[2].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللار ھەققىدە بايان قىلغان بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەرلەرگە تەدبىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يەنى، بىر ئايال ئۇچۇن ئەڭ خەيرلىك بولغىنى سالىھ ئەردۇر. ئاياللار بىر ئەرنىڭ ئۆيلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى، مال ـ

---

[1] نەسائى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۈلكى، نەسەبى ۋە دىن ـ دىيانىتىگە قارايدۇ. ئاياللار دىندار ۋە مىجەز ـ خۇلقى ئېسىل بولغىنىنى تاللىشى كېرەك.

نېمە ئۈچۈن نىكاھلىنىش ئوبيېكتىنى تاللاشتا ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكنىڭ دىندارلىق، دىندارلىقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك بولغان ئالاھىدىلىكنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

ئېسىل نەسەپ، بايلىق ۋە گۈزەللىك ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشى ئۈچۈن ئەڭ جەزىبىلىك ئالاھىدىلىكلەر. بۇ ئالاھىدىلىكلەر كۆپىنچە شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى بولمايمۇ قولغا كېلىدۇ. ئېسىل نەسەپ ۋە گۈزەللىك مانا بۇنىڭ جۈملىسىدىن. بايلىقمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئائىلىگە تەۋە بولىدۇ. مەزكۇر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان كىشىنىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىن جۈپتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما دىندارلىق، گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەت شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق كىشىلەرنىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى قىلمايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان ۋە تەرتىپكە سالىدىغان ئېتىقاد، ئەقىدىلەر ئۆزگەرمەيدۇ. ھارامدىن ۋە خاتالاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان كىشىنىڭ،

ئايالى ۋە بالىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشى، ئائىلىسىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىشى ئېھتىمالدىن يىراق. دىندار ۋە پەزىلەتلىك كىشى ئۆزى نىكاھلانماقچى بولغان قارشى تەرەپكە ئىشەنچ ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۆمۈرلۈك جۈپتىنى تاللاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر (بايلىق، گۈزەللىك، ئېسىل نەسەپ، دىندارلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق) بەزىدە بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى بىر كىشى بىرلا ۋاقىتتا ھەم باي، ھەم كېلىشكەن (گۈزەل)، ھەم دىندار بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قارشى تەرەپ ناھايىتى ئاسانلا بىر قارارغا كېلەلەيدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن تەۋسىيىسى، بولۇپمۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىر - بىرىگە ماس كەلمىگەن ھەتتا زىت بولۇپ قالغان ئەھۋاللاردا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېتىقادسىز كىشى ھەرقانچە گۈزەل ۋە باي بولغان تەقدىردىمۇ دىندار كىشىلەرنىڭ مەيلىنى تارتماسلىقى كېرەك، بۇ قۇرۇلغۇسى ئائىلىنىڭ بەختى ۋە سائادىتى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى بايلىق سورۇلۇپ تۈگەپ، گۈزەللىك يىللارنىڭ خورىتىشىغا ئۇچرىغان بىلەن، دىندارلىق مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان بايلىق سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ.

شۇڭا ئەر - ئاياللارنىڭ قانداق كىشىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك جۈپتى قىلىپ تاللىشى، ئۇ كىشىنىڭ

كېلىچەكتە بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۆزىدە بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى باشقىلاردىن ئىزدەپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، ئاقىۋەتتە نىكاھنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

# ئائىلىنىڭ مۇھىملىقى

”ئائىلە رەزىللىكلەردىن مۇداپىئە قىلغۇچى مۇستەھكەم قەلئەدۇر“[1].

جۆرە تاللاشقا دىققەت قىلىش شەخسنىڭ بەختلىك بولۇشى ۋە ئائىلىنىڭ ساغلام ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى تەشكىل قىلىدۇ.

نەسلىنىڭ ساغلام داۋام قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئائىلە قۇرۇلمىسى ئاجىز ۋە قىممەتسىز بولغان جەمئىيەتتە يارامىلىق كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى تەس. غەرب دۆلەتلىرىدە نوپۇسنىڭ قىرىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى ئاساسلىقى ئائىلە ۋە پەرزەنت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرنىڭ نىكاھسىز بىللە تۇرۇشنى تەرغىپ قىلىشى نەتىجىسىدە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدىغان يېڭى نەسلىنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن

[1] ئاندرېۋ ۋىلسون.

مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ سەۋەپتىن مەزكۇر دۆلەتلەردە كىشىلەرنى ئائىلە قۇرۇپ، پەرزەنتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان خىلمۇخىل ئەۋزەل سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ كەلمەكتە.

دەۋرىمىزدە ئىنسانلارنىڭ تەنھالىقىشى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ ئەھۋال كىشىلەردە روھىي ۋە جىسمانىي كىرىزىسلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئىنسان خۇشاللىقىنى ۋە دەرت ــ ئەلەملىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايدۇ. ئائىلە مۇھىتى ئەر ــ خوتۇن ، ئاتا ــ ئانا بىلەن باللار ۋە باللارنىڭ ئۆزئارا بىر ــ بىرى بىلەن بولغان ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، نەتىجىدە ئىنسانلار يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلىدۇ، شۇنداقلا ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا يېقىن ھەمكارلىشىش ۋە قوللاشقا ئېرىشىدۇ.

بۈنىڭدىن باشقا، تەرتىپلىك ئائىلە ھاياتى شەكىللەنمىگەن يەرلەردە زىنا ــ پاھىشە ئەۋج ئالىدۇ، نەتىجىدە بىر قاتار روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئائىلە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەردىن قوغدايدىغان مۇستەھكەم قەلئەدۇر.

ئۆتمۈش جەمئىيەتلەردە ئائىلىنىڭ تەلىم ــ تەربىيە بېرىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش قاتارلىق بىر قىسىم ۋەزىپىلىرىنى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزىبىر ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئاساستا بەزى كىشىلەر ئائىلىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،

ئۈنىڭ ۋەزىپىلىرىنى باشقا ھەرخىل ئورگانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بەزىلىرى بۇنى سىناق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئىجابىي نەتىجە ئالالمىغان. بۇگۈنكى كۈنىمىزدە، ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغاندا ئائىلە قۇرماي تەنھا ياشايدىغان كىشىلەر كۆپەيمەكتە. ئۇلار قېرىغىنىدا گەرچە باقىدىغان بالىلىرى بولمىسىمۇ، پېنسىيە مائاشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىقلاردىن پايدىلىنىپ ھاياتىنى داۋام قىلماقتا. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ ئائىلىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى باشقا بىر مۇئەسسەسە ھەرگىزمۇ ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

ئائىلە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەھدىت سېلىۋاتقان جىنايەت، تېرور ۋە ئەيدىز قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن قوغدايدىغان پاناھگاھ ، مۇستەھكەم قەلئە.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئائىلە ھوزۇر بېرىشى بىلەن دۇنيانى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان، شەخسنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىلەن جەننەت ئىشىكلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچتۇر.

# ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۇنيا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

ياخشى بىر ئائىلە پەقەت ئۇنى تەشكىل قىلىدىغان بىرقانچە كىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت، دۆلەت ۋە ھەتتا دۇنيا ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئائىلە نەسىلنىڭ يېتىلىنىدىغان يېرىدۇر. يارامىلىق ئەۋلاد پەقەت يارامىلىق ئائىلىدە يېتىشىدۇ، شۇڭا ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىسىدە ئائىلىنىڭ ۋەزىپىسى بەكمۇ مۇھىم ۋە ئېغىر.

جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئادەتتىكى بىر كىشىنى يېتىشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى نەسىلنى داۋاملاشتۇرىدىغان، قائىدە ـ قانۇنلارغا رىئايە قىلىدىغان، ئورتاق نىشان ئۈچۈن تىرىشىدىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە داۋاملىق بەدەل تۆلەتمەيدىغان، كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئىجابىي تەسىر يارىتىدىغان شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈشتۇر. بۇ سەۋەبتىن پەقەت ئائىلە بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ياخشى ئائىلە بولۇشى كېرەك. ئېيتايلۇق، ئىككى ئائىلە بار، ئىككىلىسىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان، بېقىلىشقا موھتاج بوۋاقلىرى بولسۇن. ئىككىلا ئائىلىدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى بالىسىنى كۆيۈمچان، يارامىلىق، باشقىلار بىلەن

ھەمكارلىشالايدىغان، ئىنسان ۋە ھايۋانلارنى سۆيىدىغان، مۇھىتقا كۆڭۈل بۆلىدىغان، قائىدە ـ قانۇنلارغا رىئايە قىلىدىغان، ئادالەتلىك، ۋەزىپىلىرىدىن باش تارتمايدىغان، مەسئۇلىيەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇلاردىن بىر ئائىلە ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن بالىسىنى يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىدۇ ۋە ھەممە شارائىتنى يارىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر ئائىلە بولسا، بالىسىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئويلاپ باقايلى، بۇ ئىككى ئائىلە يېتىشتۈرگەن بالىلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ھەر قانچە باشقا سەلبىي ئېھتىماللىقلارنى نەزەرگە ئالغان تەقدىردىمۇ، بىرىنچى ئائىلىنىڭ بالىسىنىڭ كۈتۈلگەن تەلەپكە تېخىمۇ يېقىن بولۇشى تەبىئىي.

بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىقتىدار ۋە تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرۈلۈپ جەمئىيەتكە چىقىرىلسا، يەنە بىرىنىڭ پەرزەنتى ياشاش ئۈچۈن داۋاملىق باشقىلارغا بېقىندى بولسا، بۇ ئىككى كىشىنى ھەرگىزمۇ تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. پەرزەنت تەربىيىلەمەك، پەقەت جىسمانىي جەھەتتىن چوڭ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەشتۇر. بۇ سەۋەپتىن ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ياخشى پەرزەنت يېتىشتۈرۈش.

ئاتا ـ ئانىلار ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانەت قىلىنغان پەرزەنتلىرىنى پەقەت بەختلىك بىر ئائىلە مۇھىتىدىلا قوغدىيالايدۇ. ساغلام، خەلقىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا

ھۆرمەت قىلىدىغان، دىنىنى ئۆگىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىدىغان، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان نەسىللەر پەقەت بەختلىك ئائىلىلەردە، ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆيۈنۈشى، سۆيگۈسى ۋە مەسئۇلىيىتى ئاستىدا يېتىشىپ چىقالايدۇ.

ئاجراشقان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، باشقا بالىلارغا قارىغاندا يالغۇزلۇقنى، سۆيگۈسىزلىكنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھېس قىلىدۇ. مۇقىم بىر ئائىلىدە چوڭ بولمىغان بالىلارنىڭ ئۆزگە ۋە ئەتراپىغا نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى، قانغۇدەك مېھرىبانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان دۇنيا قۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مايىل ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بالىلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بۇ بالىلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز ياكى پارچىلانغان ئائىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بالىلار ئۆزلىرىنى ھەر تۈرلۈك سەلبىي تەسىرلەردىن قوغدايدىغان بەختلىك بىر ئائىلىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ بولغان ۋە بولمىغان بالىلارنى سېلىشتۇرغاندا، ئائىلە ئىللىقلىقى كۆرمىگەن بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي، پسىخولوگىيە ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن ناچار ئىكەنلىكى كۆرۈلمەكتە.

تېپىتىنچ سۇغا ئېتىلغان تاش پەيدا قىلغان ھالقا ـ ھالقا دولقۇنلار بارغانسېرى كېڭەيگىنىگە ئوخشاش،

بەختلىك بىر ئائىلە يارامىلىق كىشىلەرنىڭ يېتىشىشىدە، يارامىلىق كىشىلەر ياخشى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا، ياخشى جەمئىيەت كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇشتا، كۈچلۈك دۆلەتلەر بولسا تېخىمۇ گۈزەل بىر دۇنيا قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردىكى سۇغا ئېتىلغان تاش، يەنى ئائىلە قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، يېيىلغان ياخشى تەسىرمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ.

قىسقىسى، ئائىلە نەسىللەرنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋي جەھەتلەردىن تېخىمۇ ساغلام يېتىشىشىدە، دۆلەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىدا زور رول ئوينايدۇ.

# ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى

شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوزۇرى ۋە بەختى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى ياشلارنى نىكاھلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، مەۋجۇت ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشتىن ساقلاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى بۇ ھەقتە مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك.

ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يوق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ تەھدىتلەرنىڭ بىرى زىنا ۋە پاھىشىدۇر. ئىسلام دىنى زىنانى كەسكىن تۈردە چەكلىگەن. زور كۆپچىلىك دۆلەت ۋە رايونلاردا زىنا ـ پاھىشە خەلق تەرپىدىن يىرگىنىلىدىغان، چەتكە قېقىلىدىغان قىلمىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ پەقەت ئەخلاقسىزلىق بولۇپلا قالماي، قانۇن جەھەتتىنمۇ چەكلەنگەن قىلمىشلار قاتارىغا كىرىدۇ. زىنا ئەخلاقىي قاراشلار يوق قىلىنغان يەرلەردە تېز سۈرئەتتە يامرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەخلاقنىڭ قوغدىلىشى، ئائىلىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

زىنا ۋە پاھىشىۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن يەرلەردە ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ مۇشكۈل. ياشلارنىڭ بۇ يولغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن توي قىلىش

شەرتلىرىنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتمەسلىك، ئىناھلىنىشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان قىز ـ يىگىتلەرگە ياردەم قىلىش، نامراتلىق دەستىدىن توي قىلالمىغانلارغا قارىتا فوند تەسىس قىلىش كېرەك. ئائىلىنى ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپ خىل تەدبىرلەر ئېلىنىشى كېرەك.

زىنا ـ پاھىشىنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل نامراتلىقتۇر. نامراتلىق بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ بۇ يولغا كىرىپ قېلىشىدا زور رول ئوينايدۇ. شەھۋانىيلىق پەقەت ئەخلاقسىزلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زور كۆلەملىك، بازارلىق كەسىپ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ كەسىپنىڭ تاپىنىدا ئېزىلىۋاتقانلار ئاساسەن يەنىلا شۇ نامراتلار. نامراتلىقنى ئازايتىش، نامراتلىق دەستىدىن يىقىلىشقا يۈز تۇتقان ئائىلىلەرنى قوغداپلا قالماي، يەنە بۇ سەۋەپتىن زىنا ـ پاھىشە پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ قىزلارغا باشقىلارغا موھتاج بولماستىن ياشىشى، نامراتلىق سەۋەبىدىن يامان يوللارغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن باشقا سەۋەپلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان شەھۋانىي قىلمىشلارغا قانۇنىي ۋە ئەخلاقىي تەدبىرلەر قوللىنىش كېرەك.

ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سالىدىغان باشقا بىر ئامىل بولسا، ئائىلە ئىچى زوراۋانلىقىدۇر. سۆز

ئارقىلىق ئالاقە ۋە دىئالوگنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن بولمىغان يەردە زوراۋانلىق ئەۋج ئالىدۇ. زوراۋانلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولى ئەمەس، بەلكى بىر تەرەپنىڭ قارا كۈچىگە تايىنىپ، يەنە بىر تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىشىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، زوراۋانلىق ئورۇنسىز كۈچ ئىشلىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان بىرىنىڭ ئاجىزنى بوزەك قىلىشىنىڭ كۆپلىگەن تۈرى بار، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق زوراۋانلىق قىلمىشلىرى زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەڭ ئەجەللىك زەربە ئائىلە ئىچىدىكى زوراۋانلىق قىلمىشلىرى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى بۇ پەقەت قارشى تەرەپنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ ئۆزىنى ئەڭ بىخەتەر ھېس قىلىدىغان يېرى ئائىلىسىدۇر. ئائىلىسىدىمۇ خاتىرجەملىك تاپالمىغان كىشىنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچلىرى تارمار بولىدۇ. ئىنسانلىق ئىززەت ـ نەپسى زوراۋانلىق دەستىدىن يارىلانغان بۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرگە ۋە ئورۇنلارغا ئىشىنىشى ئاسان بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە مەيدانغا كەلگەن زوراۋانلىق پۈتۈن جەمئىيەتكە تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ. ئائىلە ئىچىدىكى زوراۋانلىققا شاھىد بولغان ۋە ياكى ئۆزى بىۋاستە زوراۋانلىق كۆرگەن پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ساغلام بىر ئائىلە قۇرۇشى تەسلىشىدۇ.

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن داۋاملىق تاياق ـ دەشنام ئىشتىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئائىلىسىنى بۇزماسلىقىنىڭ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن، بىرىنچىسى، تاياق يېگەن تەرەپنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتى ۋە ھاياتىنى داۋام قىلالىغۇدەك كەسپى، خىزمىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەجبۇرىي ھالدا قارشى تەرەپكە بېقىنىپ ياشاۋاتقان بولۇشى. ئۇنىڭ بۇ ئامالسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بوزەك قىلغان كىشى ئىنسانلىق جىنايىتى ئىشلىگەن بولىدۇ. ئىككىنچى بىر سەۋەپ بولسا، بىر تەرەپنىڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پەقەت بالىلىرى ئۈچۈنلا بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشى. بۇ ئىككى خىل سەۋەپنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە، ئائىلىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئەمەس. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، بەلكى ئەر ـ ئايالنىڭ بىرى يەنە بىرىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، تاياق يېسىمۇ چىداپ، ئايرىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما بۇمۇ بىر تەرەپلىمە سۆيگۈ بولۇپ، قانچىلىك داۋاملىشالايدىغانلىقى مەۋھۇم.

ئائىلىدە، ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا ئەگەر سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت قالمىغان بولسا، ئائىلە ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلىشقا يۈز تۇتقان بولىدۇ. شەپقەتسىزلىك ۋە زوراۋانلىق ئائىلە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىتتۇر.

# ئائىلىدىكى ۋەزىپىلەر

«ئەڭ خەيىرلىكىڭلار ئائىلەڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر»[1].

ئائىلىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەزالار ئاساسلىقى ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلاردۇر. ئائىلىنىڭ ئۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن بەخت ئۇۋىسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن، ھەربىر كىشى ئۆزى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى بىلىشى كېرەك.

ئائىلىدىكى ھەق ۋە ھوقۇقلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىزنى ئاگاھلاندۇرغان:

﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك)﴾[2].

---

[1] تىرمىزى: رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«(ئەي ئەرلەر) سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە ھەقلىرىڭلار بولغىنىغا ئوخشاش، ئاياللىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەقلىرى بار»[①].

ئائىلىدىكى ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئاساسلىقى ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىغا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرى قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ.

### 1. ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرى

ئەرنىڭ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا قارىتا ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ھالال يولدىن پۇل تېپىپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش. بىر ئەر ئۈچۈن ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرسى، ئۆزى ۋە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئايالنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك كىرىمگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق شارائىتقا ئىگە بولمىغان بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىنى ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرالىشى تەس. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلە ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇلنىڭ، خەير - ساخاۋەت ئۈچۈن خەجلەنگەن

---

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

پۇلغا ئوخشاش پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[1]. پۇل خەجلەشتە پىخسىقلىق ياكى ئىسراپخورلۇق قىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەر ئاياللىرىغا قوپاللىق قىلماسلىقى، ئۇلارنى ئۇرماسلىقى كېرەك.

ئاياللار ئائىلىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېرىگە ھەمدەم بولۇشى، ئېرىنىڭ ئائىلە ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئەرلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى بىجانىدىل ئورۇندىشى كېرەك.

«بىر ئايال ئەگەر بەش ۋاقىت نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئىپپىتىنى ساقلاپ، ئېرىگە ھۆرمەت قىلسا، ئۇنىڭغا: ”قېنى، جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكىدىن خالىساڭ كىرگىن“ دېيىلىدۇ»[2].

ئائىلە تۇرمۇشى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە يول قويۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى كەسكىن ھالدا ئايرىش توغرا ئەمەس. ئېرىنىڭ ئىشلەش ئىمكانىيىتى بولمىغان ياكى تاپقان پۇلى ئۆيىنى قامداشقا يەتمىگەن ئائىلىلەردە ئايالىنىڭ ئىشلىشى زۆرۈر.

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

ئائىلە شارائىتىدا قايسى ئىشلارنى ئاياللارنىڭ، قايسى ئىشلارنى ئەرنىڭ قىلىدىغانلىقى، دىنىي مەسئۇلىيەتتىن باشقا يەنە شەخسنىڭ ئەتراپىدىكى مەنىۋىي مۇھىتقا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، ئوخشىمىغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى ئىش تەقسىماتى، شۇ يەرنىڭ ئىقلىمىغا، ياشاش شارائىتىغا ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە قاراپ ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك قىلىش كۈچى يېتىدىغان ھەربىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا جىنس پەرقى بولمايدۇ.

ئائىلىدە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى «ئەرنىڭ ئىشى» ياكى «ئاياللارنىڭ ئىشى» دەپ ئايرىشنىڭ زور دەرىجىدە تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشى بار. ئانىلارنىڭ بوۋاقلىرىنى چوڭ قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم رولى، تەدرىجىي ھالدا، ئاياللار ئۆي ئىچىنىڭ، ئەرلەر سىرتنىڭ ئىشىغا مەسئۇل دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل كۆز قاراش جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بارماقتا. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىلاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگە ۋە باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىپ، مەلۇم دەرىجىدە قىممەت يارىتىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولۇپ، بۇنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ، دىندىن پەتىۋا ئىزدەش خاتادۇر.

نىكاھلىق ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىرى بىر ـ بىرىنىڭ

كەمچىلىكلىرىنى ئامال بار كۆرمەسكە سېلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ھۆرمەت قىلىپ ئۆتۈشتۇر.

2. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى بولسا، تۇغۇلغان ۋاقتىدا، ياخشى، مەنىلىك، مەسخىرە تېمىسى بولمىغۇدەك ئىسىملارنى قويۇشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشى كىيىدۈرۈپ، ياخشى يېگۈزۈش، ئوبدان تەربىيىلەش، دىنىنى ئۆگىتىش، پەرزەنتلەرنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، ئادىل بولۇش، ياخشى ئوقۇتۇش ياكى بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش... قاتارلىقلار كىرىدۇ.

بولۇپمۇ ياخشى تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە: «ھېچبىر دادا بالىسىغا گۈزەل تەربىيىدىنمۇ ئارتۇق سوۋغات بېرەلمەيدۇ»[1] دېگەنىدى. ياخشى تەربىيە بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ياخشى ئۆرنەك بولۇش كېرەك. بالىغا، « قىلما، ئەتمە» دەپ مىساللار كەلتۈرگەننىڭ ئورنىغا، ئاتا ـ ئانا ئۆزى باش

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بولۇپ شۇ ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. پەرزەنتلەرنىڭ نەسىھەتتىن كۆپرەك ياخشى ئۈلگىلەرگە ئېھتىياجى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ــ ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىگە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە تەربىيە بەرگەن ۋاقتىدا، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىپ ـ بەرمىگەنلىكى، ياخشىلىق قىلىپ ـ قىلمىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى لازىم. مەسىلەن، « بالام، غەيۋەت قىلساڭ يامان بولىدۇ» دەپ قويۇپ، ئارقىسىدىن ئۆزى غەيۋەت قىلغاندا، بۇ تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بالا ئىككى يۈزلىمىلىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلار ئاتا ــ ئانىلىرىنى ئۈلگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسىدە ئاتا ــ ئانا بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. كونىلار ئېيتقاندەك: ”قىز ئانىسىدىن ئۆيمۇ ئۆي كېزىشنى، ئوغۇل دادىسىدىن تەسبىھ تىزىشنى ئۆگىنىدۇ“.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كىچىك ۋاقتىلىرىم ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى، ئانام مېنى چاقىرىپ: ”كېلە، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن“ دېدى، پەيغەمبىرىمىز ئانامدىن: ”بالىغا نېمە بەرمەكچىدىڭ؟“ دەپ سورىدى. ئانام جاۋابەن: ”خورما بەرمەكچىدىم“ دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز: ”ئەگەر بالىنى ئالداپ، بىر

نەرسە بەرمىگەن بولساڭ، ساڭا يالغان سۆزلەش گۇناھى يېزىلاتتى“ دېدى»[1].

پەيغەمبىرىمىز بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى تەكىتلىگەن: ئاتا ـ ئانىلار ئورۇندىيالمايدىغان ئىشلار ھەققىدە بالىلىرىغا ۋەدە بەرمەسلىكى كېرەك. بولمىسا، ھەم ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى يالغان سۆزلەشتەك بىر گۇناھنى قىلغان بولىدۇ ھەمدە بالىلارغا يامان ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارغا سەلبىي تەسىر بېرىدۇ.

پەرزەنتلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئائىلىلەرگە بېرىلگەن ئامانەت. ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىزمۇ ئۇلارنى شەخسىي مۈلكى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئۇيان ـ بۇيان قىلماسلىقى كېرەك. پەرزەنتلەرنى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ياكى يېتىشتۈرمەسلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ شەخسىي تاللىشى بولالمايدۇ. پەرزەنتنى خاتا يولغا باشلاپ، ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىشقا زورلاپ، جەمئىيەتكە تەھدىت پەيدا قىلغان ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدىن پەرزەنتنى تارتىپ ئېلىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئامانەتنى ياخشى قوغدىشىمىز، پەرزەنتلەرنى ئىللىق ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ قىلىشىمىز كېرەك.

پەرزەنتكە ئىللىق ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بەختلىك ئائىلە پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە خاراكتېرىنىڭ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

پىشىپ ـ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ بولغان يەردە بالا ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ ۋە كۆيۈمچان، شەپقەتلىك بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلغان ياكى قىلالمىغانلار، قىلغانلىرىنىڭ نەتىجىسىنى بۇ دۇنيادىلا كۆرۈپ قالماي، يەنە ئاخىرەتتىمۇ كۆرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇنيادا ئاتا ـ ئانىسىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان پەرزەنتى بولغان كىشىنىڭ ئەمەل دەپتىرىگە ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ساۋاپ يېزىلىپ تۇرىدۇ»[1].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق﴾[1].

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىتا ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتۇر. پەيغەمبىرىمىزدىن: "ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئىبسىل ئەمەل قايسى؟" دەپ سورالغىنىدا، ئۇ: «ۋاقتىدا ئادا قىلىنغان ناماز، ئۇنىڭدىن قالسا، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەر قانداق خۇسۇستا ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇش پەرزەنتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدىكى ھۆكۈملەر تولىمۇ ئېنىق:

﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق

---

[1] سۈرە لوقمان، 14 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىشـىڭلارنى تەۋسـىيە قىلـدى، ئۇلارنىـڭ بىـرى، يـا ئىككىلىسى سېنىڭ قـول ئاسـتىڭدا بولـۇپ ياشـىنىپ قالسـا، ئۇلارغـا ئوھـوي دېمىگـەن (يەنـى مـاالللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغـىن)، ئـۇلارنى دۈشـكەلىمىگىن ، ئۇلارغـا ھـۆرمەت بىـلەن يۇمشـاق سـۆز قىلغىـن. ئۇلارغـا كامـالىي مېھرىبـانلىقتىن ناھـايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئـۇلار مېنـى كىچىكلىكىمـدە تەربىيىلىگىنىـدەك ئۇلارغـا مەرھەمەت قىلغىـن» دېگىـن. پەرۋەردىگـارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، اﷲ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). اﷲ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە ئىسرا، 23 ـ ئايەتتىن 25 ـ ئايەتكىچە.

# پەرزەنتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا مەسئۇلىيىتى بولۇشى بىلەن بىرلىكتە، بىر ـ بىرىگىمۇ مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىسى بولىدۇ. قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ۋە ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشى كېرەك. چوڭى كىچىكىگە مەرھەمەت كۆرسىتىشى، قوغدىشى، ئاسرىشى؛ كىچىكىمۇ چوڭىنى ھۆرمەتلىشى، ئىتائەت قىلىشى كېرەك. بالىلارنىڭ قىزىقىشى، كۆز قارىشى ۋە قابىلىيەتلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ پەرقلەر قىزغانچۇقلۇققا سەۋەب بولماسلىقى ۋە قىزغانچۇقلۇقتىن يىراق تۇرۇلۇشى لازىم. ئائىلە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەت ئادا قىلىنغاندا، ئۆز قىلغىنىنىڭ ئەجرىنى پەقەت ئاللەتىنلا كۈتۈش، ئىنسانلارغا ئىلتىپاتلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

# هوزۇرلۇق ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈن نېمىلەر بولۇشى ۋە نېمىلەر بولماسلىقى لازىم؟

ئۆزئارا سەۋر ـ تاقەتلىك، خۇشخۇي بولۇش، تەتۈرگىمۇ ئوك مۇئامىلە قىلىش

رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئەبۇ مۇسلىمدىن قانداق قىلغاندا ئائىلىدە هۇزۇر بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقى هەققىدە سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «تەتۈرگىمۇ ئوك مۇئامىلە قىلغىن. ئائىلىدە ئېرى ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا، ئايالى لام ـ جىم دېمەي، ئاچچىقىنىڭ بېسىلىشىنى كۈتىدۇ. ئەگەر ئايالى ئاچچىقلانغان بولسا، ئېرى قارشىلىق بىلدۈرمەي، جىمجىت ئۆتكۈزۈۋېتىشى كېرەك. مانا بۇ، تەتۈرگە ئوك مۇئامىلە قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاچچىقلانغان پەيتتە ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. ساراڭغا نەق مەيداندا جاۋاب قايتۇرۇش توغرا ئەمەس، ئۇ پەيتنى سۈكۈت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئائىلە ئىچىدىكى هوزۇرنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بولمىسا، ئائىلە بۇزۇلىدۇ».

ئىنسان ئاچچىقىدا كۆڭۈل رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشى، كېيىنچە قاتتىق پۇشايمانغا قالىدىغان، بولمىغۇر گەپلەرنى دەپ سېلىشى مۇمكىن. ئەر ـ ئاياللار

بۇ خىل ئەھۋالغا بەكمۇ دىققەت قىلىشى، قارشى تەرەپنىڭ مۇھاكىمە كۈچىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ھېسسىياتچان ياكى غەزەپلىك پەيتىنى تۇغرا چۈشىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مەسىلىنىڭ يوغىناپ كېتىشى ۋە كېيىنچە ئۆزرە ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

كۆپىنچە ھاللاردا، قېرىنداشلارنىڭ خۇي - پەيلى، ئادەتلىرى ۋە قىزىقىشلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئائىلە بولسا، جىنسىيىتى، قىزىقىشى ۋە كۆپىنچە ئادەتلىرى بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىككى ئىنساننىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ. ئىككى ئىنسان تۇرمۇش قۇرۇشتىن بۇرۇن بىر - بىرىنى ھەرقانچە تونۇپ، بىلىپ كەتسىمۇ، پەقەت توي قىلغاندىن كېيىنلا، بىر - بىرىنىڭ مىجەزىنى تولۇق چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنى تونۇش جەريانىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئۆتۈشەلمىگەندە، بىر - بىرىنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغان، ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرى ئۈستۈرىغا چىققاندا، ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى، مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىشى، بىر - بىرىگە سەۋر - تاقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسىدە: «ئىمان ئېيتقان ئەر ئىمان ئېيتقان بىر ئايالغا (ئۇ ئايالنىڭ بەزى يېقىمسىز خۇيى تۈپەيلىدىن) ئاچچىقلانمىسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ بىر خۇيىنى ياقتۇرمىسا، يەنە بىر خۇيىنى ياقتۇرۇشى

مۇمكىن»[①] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى ئاياللىرىڭلار) بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا اللّٰه كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[②].

بۇ، ئەر ۋە ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئوخشاشلا ئىناۋەتلىك بولۇپ، سەۋر قىلسا، ياقتۇرمايدىغان خۇي ئاستا ـ ئاستا ياقتۇرىدىغان خۇيغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. شۇڭا سەۋر ـ تاقەت ئائىلە ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى.

ھوزۇرلۇق ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە خۇشپېئىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە، بىر ـ بىرىنىڭ ناخۇش مۇئامىلىلىرىگە سەۋر قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلىشى لازىم. ئۇندىن باشقا، ئەر ـ ئاياللار پەقەت بىر ـ بىرىنىڭ يېقىمسىز تەرەپلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپىدىكىلەرگە، يوقسۇللۇققا، جاپا ـ مۇشەققەتكىمۇ سەۋر قىلىشى كېرەك. مانا بۇ، ئەر ياكى ئايال بولۇشنىڭ ۋە ھاياتتىن تەڭ بەھر ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

---

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② سۈرە نىسا، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# قۇسۇر تاپقۇچى ئەمەس، بەلكى قۇسۇر ياپقۇچى بولۇش كېرەك

ھەر گۈزەلنىڭ بىر ئەيىبى بار

ئۇلۇغ ئاللاھ: ﴿ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنىڭ يېپىنچىسىدۇر﴾[1] دەيدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كىيىم پەقەت بەدەننى قوغداپلا قالماي، يېپىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. يەنى ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ يېپىنچىسىغا ئوخشايدۇ، بۇ يېپىنچا ھەم سىرتقا قارىتا ھەم ئائىلە ئىچىدە ئوخشاش رول ئوينايدۇ. «خاتاسىز قۇل (بەندە) يوقتۇر». مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىشە قارشى تەرەپنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدىمەسلىكى، كۆزىگە چېلىققان قۇسۇر ياكى خاتالىقنى مۇمكىنقەدەر ئۆزى ھەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. كونىلار: «خاتاسىز قۇل يوقتۇر» دېگەنىكەن. ئەر ياكى ئايالنىڭ خاراكتېرى، بەدەن قۇرۇلمىسى، ئۆسۈپ - يېتىلىش مۇھىتى، دوست - يارەنلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن قۇسۇرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ قۇسۇرلارنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر قىسمىنى چۈشەندۈرۈش، بىر قىسمىنى ئۆگىتىش ياكى باشقا چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن تۈزەتكىلى بولىدۇ. تۈزەتكىلى بولمىغانلىرىنى چوڭ مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارمىسىلا، يېپىش ۋە يوشۇرۇش لازىم.

ئەر ـ ئاياللار بىرى ـ بىرىنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ياخشى تەرەپلىرىنى ئىزدەش، تېپىش ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ خاتالىق، كەمچىلىكىنى تەنقىد قىلسا بولىدۇ، ئەمما بۇ تەنقىد ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇش ئەمەس، بەلكى تۈزىتىش مەقسىتىدە بولۇشى كېرەك.

قۇسۇر، كەمچىلىكلەر ئەر ـ ئايالدا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئائىلىسىدىن ياكى ئەتراپىدىكى كىشىلەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئەھۋالنى تۈزىتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇ قۇسۇرنىڭ تەسىرى ئائىلە ئىچىدە ئەكس ئەتمەسلىكى ۋە ئەر ياكى ئايالنىڭ يۈزىگە سېلىنماسلىقى كېرەك.

مەسئۇلىيەتچان، بىر ـ بىرىگە پرىنسىپال ھالدا سەۋرچان ۋە خۇشپېئىل مۇئامىلە قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەيدىغان ئەمەس، بەلكى قۇسۇرىنى ياپىدىغان ئەر ـ ئايالدىن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ ھوزۇر ۋە بەختلىك ئۆتۈش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى.

# ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ كۆچ چىقىرىش كېرەك

كەكدەك: ”بۇ مېنىڭ، بۇمۇ مېنىڭ“ دېمەي، ھەرىدەك: ”بۇ مېنىڭ، بۇ سېنىڭ“ دېگىن.

چىشلىق چاقنى مىسالغا كەلتۈرەيلى، بۇ چاقنىڭ نورمال ئايلىنىشى ئۈچۈن، چاقنى تەشكىل قىلغۇچى چىشلار بىر - بىرىگە ماس ھەرىكەت قىلىشى لازىم. چىشلارنىڭ بىرى چوڭ بولۇپ، ئۇنى ئايلاندۇرغۇچى ئوق كىچىك بولۇپ قالسا، چاق ھەرىكەت قىلمايدۇ. چاقنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن چىش كىچىكلىتىلىشى ياكى ئوق چوڭايتىلىشى (كېڭەيتىلىشى) كېرەك. ئائىلىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىر ئۆيدە، بىر ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىدە، ئوخشاش شارائىتتا چوڭ بولغان، ئوخشاش جىنسلىق ئىككى بالىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق مىجەز ۋە قىزىقىشلارغا ئىگە بولىدۇ. بۇلار بەزىدە بىللە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، باشقا ـ باشقا ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەر - ئايالغا بولغان كۆز قارىشى تامامەن پەرقلىق بولغان ئىككى جىنسنىڭ

ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈش ئۈچۈن بىرلىشىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئائىلىدە تالاش ـ تارتىش، چىقىشالماسلىقتەك ئىشلارنىڭ پات ـ پات يۈز بېرىشى تۇرغانلا گەپ. بۇنداق مەسىلىلەر كېلىپ چىققاندا، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە چوقۇم ئاز ـ تولا بولسىمۇ يول قويۇشى كېرەك.

ئەر ياكى ئايال بىر تەرەپتىن: ”بۇ مېنىڭ خۇيۇم، قوبۇل قىلمىساڭ، ئامال يوق“ دەپ، يەنە بىر تەرەپتىن: ”بۇ خۇيۇڭنى پەقەتلا ياقتۇرمايمەن، چوقۇم ئۆزگەرمىسەڭ بولمايدۇ“ دېسە، بۇ ئائىلىدە ھوزۇردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى توغرا چۈشىنىشى، يەنى ئۆزىنى ئېرى ياكى ئايالىنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرۈشى، پەقەت ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنىلا ئەمەس، بەلكى جورىسىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنىمۇ ئويلىشى، خۇددى چىشلىق چاقتەك ھەر ئىككى تەرەپ پات ـ پات ئۆز ـ ئۆزىنى ئېكەكلەپ تۇرۇشى (ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى) كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، چاقنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىنى، ئائىلىنىڭ شۇنداق ئىللىق، ھوزۇرلۇق داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشى بەكمۇ مۇھىم. ئەكسىچە، چاقنىڭ بىر تەرىپى ئېكەكلىنىۋەرسە، ئاخىرى ئوقىدىن چىقىپ كەتكىنىدەك، ئائىلىدىمۇ ھەردائىم بىر تەرەپتىن پەيداكارلىق كۆرسىتىش ۋە توغرا چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىۋەرسە، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن زىيانلىق

ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بىر تەرەپ داۋاملىق تەنقىدكە ئۇچرىسا، كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، ئاستا - ئاستا كېسەلچان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. جورىغا ھەمىشە ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان كىشىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى كۈنسېرى ئېشىپ، ئاخىرى توسۇۋالغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ كىشى تويمىغۇر، نەپسانىيەتچىگە ئايلىنىپ، ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى پەرىشان قىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا، ھەمىشە بىر تەرەپنىلا كوچىلاش ئۇ تەرەپنىڭ كۈچىنى بارا - بارا ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئۇ تەرەپنىڭ غەمخورلۇقىغا ھەقىقەتەن ئېھتىياج چۈشكەن ۋاقىتتا، ئۇ تەرەپتە تەلەپ قىلىنغان نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئائىلىدە ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنى بۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

## قانائەتچان بولۇش، ھەمىشە ”يوق“ دەپ تۇرۇۋالماسلىق

قانائەت ــ تۈگمەس خەزىندۇر

ئىنساننىڭ ئېھتىياجى تۈگىمەيدۇ. شۇڭا ئېھتىياجىنىڭ مەلۇم چەك - چېگراسىنى سىزىش

مۇمكىن ئەمەس. ئۆي ـ ماكانسىز، سەرگەردان كىشى ھەممىدىن بۇرۇن بېشىنى تىققۇدەك ئۆي تېپىشنى ئارزۇلايدۇ؛ كىرىمى تۆۋەن، ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرىدىغان كىشى بىر نەچچە ئېغىزلىق ئۆي سېتىۋېلىشنى ئويلايدۇ؛ ئۆي ـ جايى خېلى ئوبدان كىشى يازلىق داچا سېتىۋېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ؛ داچىسى بارلار ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر نەرسىگە موھتاج. قىسقىسى، ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئېھتىياجى بولىدۇ. تۈنۈگۈن ئارزۇلىغان نەرسە بۈگۈن ئادەتتىكى نەرسىگە؛ تۈنۈگۈن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر نەرسە بۈگۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ”ئېھتىياج تىزىملىكى“ تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئېھتىياج كىشىگە، دەۋرگە ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ.

ھەركىم ئېھتىياجىنى ئۆز ئىمكانىيىتىگە قارىتا قامدايدۇ. بەزىدە ئىنساننىڭ ئىمكانىيىتى ئېھتىياجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنى ئىمكانىيىتى بار كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئېرىشكىلى بولمايدىغان، ئىمكانىيەت يار بەرمەيدىغان نەرسىلەرنى ئارزۇلاپ، غەمگە پاتقاندىن كۆرە، قولدا بار ئىمكانىيەتتىن ئەڭ مۇۋاپىق تۈردە پايدىلىنىپ، ئېھتىياجلىرىنى شۇنىڭغا يارىشا قامداش كېرەك. قول ـ ئىلكىدىكىگە قانائەت قىلىشمۇ بەك مۇھىم.

قول ـ ئىلكىدە بارىغا شۈكۈر قىلىش، ھەمىشە "يوق" نەرسىنىڭ غېمىنى يېمەسلىك لازىم. ئەجدادلىرىمىز بىزگە كىرىم ۋە ئىستېمالدا ئۆزىمىزدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ، ئىلىم ۋە ياخشىلىقتا بولسا، ئۆزىمىزدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە قارىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان.

"بار" ۋە "يوق"نىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ھەر دائىم ئۆزىدىن تېخىمۇ ئاز ئىمكانىيەتكە ئىگە كىشىلەرگە قاراش، ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ قىممىتىگە يېتىپ شۈكۈر قىلىش، ئۆزىدە يوق نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن غەم ـ غۇسسىغا چۆكمەسلىك لازىم. ئەمما بۇ: "ئۆزىدە بولمىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماسلىق كېرەك" دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە ھالال يوللاردىن يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش، ئەگەر يېتىش مۇمكىن بولمىسا، شۇنىڭ بىلەنلا ھەپىلىشۋەرمەسلىك، يوقسۇللۇقنى مەھرۇملۇققا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق، بارىغا قانائەت قىلىپ، يوقلۇقنىڭمۇ بىر خىل سىناق ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

ئۇنىدىن باشقا، ئېھتىياج بىلەن ھەشەمەت ۋە دوراملىقنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى بەزى كىشىلەر ئېلان ۋە مودىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەددىدىن زىيادە ئىستېمالغا ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا مايىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال، كىشىنى ھەم تويمىغۇر قىلىپ قويىدۇ ھەمدە ئۆزى مايىل بولغان ۋە

ئارزۇ قىلىدىغان تۇرمۇش سەۋىيەسىگە يېتىش ئۈچۈن تۇيۇق يوللارغا سۆرەپ كىرىدۇ. ئەنە شۇنداق تويمىغۇر ۋە دورامچۇق كىشىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

# مېھرى ـ مۇھەببەتلىك ۋە مەدھىيىلىك سۆزلەرنى قىلىش

سۆيگۈڭىزنى ئىچىڭىزدە ئەمەس تېشىڭىزدا، ئۆزىڭىزگە ئەمەس جورىڭىزغا ئىپادىلەڭ

چىرايلىق ۋە يېقىملىق سۆز ـ مۇئامىلە ئەڭ قوپال كىشىدىن ئەڭ رومانتىك كىشىگىچە، كىچىك بالىلاردىن ياشانغانلارغىچە بولغان ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئىنسانلار ھەردائىم ئازدۇر ـ كۆپتۇر مېھرى ـ مۇھەببەتلىك سۆزلەرگە موھتاج بولىدۇ. بەدەن قېرىيدۇ، ئەمما روھ قېرىمايدۇ. ھەر ئىنساننىڭ بالىلارغا خاس ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە قىلىق ـ ھەرىكىتى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر ئىنسان خۇددى سەبىي بالىلاردەك باشقىلارنىڭ سۆيگۈ ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئائىلە ئىچىدىمۇ ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىگە ھەمىشە مېھرى ـ مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ تۇرۇشى، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى، جورىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمۇۋالماستىن، مەدھىيىلىك سۆزلەرنى قىلىشى

كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆزىنىڭ نەزەرگە ئېلىنىدىغانلىقى، ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ تەقدىرلىنىدىغانلىقى ھېسسىياتىنى ئويغىتىپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ، ئائىلە ئىچى مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، يېقىنچىلىق ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە مېھرى - مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلىشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: «جوراڭنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقما ئاشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن[1].

پەقەت ئەر - ئاياللا ئەمەس، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە، پەرزەنتلەرمۇ ئاتا - ئانىلارغا مېھرى - مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىشى لازىم. پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقىي مۇئامىلىلىرى مەدھىيىلىنىپ، مۇكاپاتلىنىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئائىلە ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى پات - پات بىلدۈرۈپ قويۇشى ۋە بۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان پەرزەنت ھەم ئاتا - ئانىسىغا ھەم

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئۆزى ئاتا ـ ئانا بولغاندا پەرزەنتىگە مېھرى ـ مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

"مېھرى ـ مۇھەببەت ئازابنى شادلىققا، تۇپراقنى ئالتۇنغا، كېسەلنى شىپاغا، زىنداننى سارايغا، بالانى نېئمەتكە، غەزەبنى رەھمەتكە ئايلاندۇرىدۇ. تۆمۈرنى يۇمشاتقان، تاشنى ئېرىتقان نەرسە مېھرى ـ مۇھەببەتتۇر"[①].

## جورىنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك

گۈلنى سۆيگەن كىشى ئۇنىڭ تىكىنىگە بەرداشلىق بېرىدۇ

ئائىلە مۇناسىۋىتىدە جورىنى ئائىلىسىدىن ئايرىپ، ئۇنى يالغۇز مەۋجۇدىيەت دەپ قارىماسلىق كېرەك. بەزى ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەلكى بۇ ئىشنىڭ تەبىئىتىدىن بولسا كېرەك (مەسىلەن، قېيىنئانا بىلەن كېلىننىڭ چىقىشالماسلىقى)، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئائىلىسىنى ياقتۇرمايدىغان، بىزار بولىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. گەرچە ھەقلىق بولسىمۇ، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۆز ئائىلىسى ھەققىدە قىلغان

[①] مەۋلانا جالالىددىن رۇمى.

يامان سۆز ياكى قوپال مۇئامىلىسىگە قاتتىق خاپا بولىدۇ. بۇ خاپىلىق ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۇنتۇلمايدۇ ۋە پات - پات تەكىتلىنىپ تۇرىدۇ. ”سەن مېنىڭ ئائىلەم ھەققىدە مۇنداق - مۇنداق دېگەنىدىڭ؛ ئائىلەمگە مۇنداق مۇئامىلە قىلغانىدىڭ...“.

ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە ئىككى جەھەتتىن ھېسداشلىق قىلىشى كېرەك. بىرىنچىسى، بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالىسا، ئۆزىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئائىلىسى، ئاتا - ئانىسىغا شۇنداق مۇئامىلە كۆرسىتىشى لازىم. ئىككىنچىسى، ئەر تەرەپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ كۈيئوغلى بولىدىغانلىقىنى، ئايال تەرەپمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە كېلىن كېلىدىغانلىقىنى ئويلىشى ۋە شۇ كۈنى ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالىسا، ئۆزى كۈيئوغۇل ياكى كېلىن بولغان كۈندىن ئېتىبارەن (قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىغا) شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. كونىلار: «تۆت ئاتىنىڭ ھەققى بىردۇر“ دېيىش ئارقىلىق، جورىسىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى خۇددى ئۆزى ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈشى كېرەكلىكىنى نەسىھەت قىلغان.

# ”بىز“ بولۇشى كېرەك

هەممىمىز بىرىمىز ئۈچۈن، بىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن...

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ”مەن“لىكتىن قۇتۇلۇپ، ”بىز“ ئۇقۇمىنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئائىلە سائادىتىگە بىۋاسىتە تۈرتكە بولىدۇ. ”مەن“ ۋە ”سەن“ پوزىتسىيىسى ئائىلىگە ھوزۇر ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئائىلە: ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئورتاق ھايات مەيدانى بولۇپ، بۇ مەيداندا ”مەن“ ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ”بىز“ ئېلىشى كېرەك. ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا: ”مېنىڭ پۇلۇم، مېنىڭ مائاشىم، مېنىڭ ماشىنام، مېنىڭ ئۆيۈم، مەن تاپاۋەت قىلىدىم، مەن پىشۇردۇم، مەن تازىلىدىم، مەن قىلدىم“ دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى بولماسلىقى لازىم. ئائىلە كىرىمى ـ مەيلى ئەر ياكى ئايال تەرىپىدىن ۋەياكى ھەر ئىككىسى تەرىپىدىن تاپاۋەت قىلىنغان بولمىسۇن ـ ئائىلىنىڭ ئورتاق رىزقى بولۇپ، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجى ئائىلە ئىچىدىكى ئورتاق قارار ئارقىلىق قامدىلىشى، ئەر ـ ئايال ۋە پەرزەنتلەر ئارىسىدا ”ئادالەت تۇيغۇسى“نى زېدىلەيدىغان بىھۇدە چىقىملاردىن ھەزەر قىلىنىشى لازىم.

ئەر ـ ئايال ئائىلىنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرماسلىقى، بىر ـ بىرىنىڭ خەج ـ خىراجىتىگە تولا ئارىلىشىۋېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرىنى مەخپىي قامدىشىغا سەۋەب بولماسلىقى لازىم. چۈنكى جورىڭىزنىڭ خىراجىتىگە ئارىلىشىۋەرسىڭىز، ئۇمۇ بارا ـ بارا سىزدىن يوشۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەددىدىن زىيادە خىراجەت قىلىنمىسىلا، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

ئائىلىدە "بىز" بولۇش ـ ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقنى، ئورتاق قارار ئېلىش ۋە جورىسىنىڭ سۆزىگىمۇ قۇلاق سېلىشنى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرلىكتە قارار بېرىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ـ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى ـ يېڭى پىكىرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئىستەك ۋە ئېھتىياجلارنى قامداشتا بىر تەرەپلىمىلىك بولماسلىق لازىم. مەسىلەن، تاماق ئەتكەندە، ھەر دائىم بىر تەرەپنىڭلا ياخشى كۆرىدىغانلىرىنى ئەمەس، بەلكى يەنە بىر تەرەپنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىنىمۇ ئېتىش؛ ساياھەتكە چىققاندا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەۋەس ۋە قىزىقىشلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پىلان تۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىستەك ۋە ئېھتىياجىنى بىرلا ۋاقىتتا قامداشقا ئىمكانىيەت بولمىسا، نۆۋەت بىلەن ئورۇنلاشقا بولىدۇ. بىرى دېڭىزنى، يەنە بىرى تاغ ۋە يايلاقلارنى ياخشى كۆرسە، بىر قېتىمدا دېڭىزغا، يەنە بىر قېتىمدا تاغ، يايلاققا ساياھەت قىلسا بولىدۇ. خىزمەت تاللاشتىن تارتىپ ئولتۇرىدىغان مەھەللىگىچە بولغان بارلىق قارارلاردىمۇ بىرلا تەرەپنى كۆزدە تۇتماي، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. چۈنكى ئائىلە دېمەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەخسىيەتچى بولماسلىق دېمەكتۇر.

## مۇناسىۋەت يوللىرى ئوچۇق بولۇشى لازىم

ئاراڭلارغا سېپىل سوقماي، كۆۋرۈك سېلىڭلار

ياخشى مۇناسىۋەت ـ كىشىلىك كامالەت، ساغلام ئائىلە ۋە ئائىلە بەختى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. ھەر كىشىنىڭ ئۆز خاراكتېرىغا مۇناسىپ مۇناسىۋەت شەكلى بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۆز ئارا مۇناسىۋەت يولىنىڭ ئورنىتىلىشى بەكمۇ مۇھىم.

ئائىلە ئىچىدە، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانا

بىر ـ بىرىگە ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئوچۇق ۋە سەمىمىي ئېيتالىسا، پەرزەنتلەرمۇ ئۇلاردىن مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى ئائىلە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت شەكلى ئاتا ـ ئانىدىن پەرزەنتكە ئۆز ئەينى يۇقىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرىنىڭ ياخشى ياكى يامان خۇيلىرى باشقىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ قويۇق، يېقىن مۇناسىۋىتى پەرزەنتلىرىگە ياخشى تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، پەرزەنتىنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئامىللار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەسلىھەت سېلىش، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش، چۈشىنىش ۋە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىش بەكمۇ مۇھىم. ئائىلە ئەزالىرى بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلىشىش مۇھىتى ھاسىل قىلىپ تۇرۇشى، بىرى گەپ قىلىۋاتقاندا، قالغىنى ئۇنىڭ سۆزىنى زەڭ سېلىپ ئاڭلىشى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ۋە كۆڭلىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەردائىم بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشى لازىم.

ھەممىدىن مۇھىمى، ئىنسان غەزەپلەنگەن ۋاقىتلاردا باشقىلار بىلەن كۆرۈشمەسلىكى، پاراڭلاشماسلىقى لازىم، ئەكسىچە بولغاندا، مۇناسىۋەتنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. سۆز جەريانىدا بىراۋنىڭ خاتاسى ياكى قۇسۇرىنى يۈزىگە ئۇرۇۋەرمەسلىك، ئەگەر

خاتىرىلىگەن ئىشلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە، باشقىچە ئىپادىلەر بىلەن بىلدۈرۈشى كېرەك. سۆز قىلىۋاتقان كىشى چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشى، خۇشچىراي بولۇشى، ئاڭلىغۇچىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

ھەرقانداق پۇرسەتتە ئىجتىمائىي ئالاقىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۆيگە كىرىش ۋە چىقىش جەريانىدا ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆز ـ مۇئامىلىلەرمۇ بۇ ئالاقىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆيگە كىرگەن كىشى ئۆي ئىچىگە سالام بېرىپ كىرىشى، ئۆي ئىچىمۇ ئۇنى خۇشچىراي كۈتۈۋېلىشى لازىم. ئۆيدىن چىققان كىشى ئۆي ئىچىگە: "ئاللاھقا ئامانەت" دېيىشىنى، ئۆي ئىچىمۇ ئۇنىڭغا: "خەيرى ـ خوش، ئاللاھ ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن" دەپ جاۋاب بېرىشىنى ئېغىر كۆرمەسلىكى كېرەك.

ئىجتىمائىي ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان ئائىلىدە بىر مۇنچىلىغان مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پسىخولوگىيىسى بۇزۇلىدۇ، پەرزەنتلەر ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ھېس ـ تۇيغۇ، سۆز ـ پىكىر، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. ئائىلىدە ئۆز ئارا توقۇنۇش، جېدەل ـ ماجىرا كۆپىيىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئىچىدە پىكىر

ـ ئالاقە بولمىسا، ئائىلە سائادىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

# ئورتاقلىشىش

بىرلەشكەن ئۇزار، بىرلەشمىگەن تۇزار.

ھەم ئەر ـ ئايال ھەم ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئورتاقلىشىش بولۇشى كېرەك. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىشىش ئۆي ئىشلىرى ۋە مەسئۇلىيەت، جىنسىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي ئەھۋال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئورتاقلىشىش ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ۋاقىت ئايرىغاندەك، بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىش ۋە مەنىلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت ئاجرىتىشى كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلەشتى، مەن ئۇنى يېڭىۋالدىم“[1] دېگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئايالى بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان. مۇشۇ يەردىن يولغا چىقىدىغان بولساق، ئەر ـ ئاياللار ھەرخىل پائالىيەتلەر

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە ۋاقىت ئاجرىتىشى، ئىش ـ پائالىيەتلەرگە بىللە قاتنىشىشى، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئورتاق مۇھىت يارىتىشى لازىم.

تىوي قىلغانىدا: ”ياخشى ـ يامان كۈنلەردە بىللە بولۇش ئۈچۈن“ دېيىشكەندەك، ئائىلە ئەنە شۇنداق ئورتاق ھايات مەيدانى بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىنى بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ ياشايدۇ. ”دەردىنى ئېيتقان قۇتۇلار“ دېگەن ماقال ـ تەمسىل ئائىلىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ.

ئورتاقلىشىش پەقەت ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدىمۇ بولۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، پەرزەنتى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى بىرلىكتە قىلىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى كېرەك. پەرزەنتلەرگە قىممەتلىك سوۋغات، ئويۇنچۇق، ماركىلىق كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىش بىلەنلا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېغىزدا: ”سېنى ياخشى كۆرىمەن“ دەپلا قويۇش پەرزەنتنى يېتەرلىك دەرىجىدە خۇشال قىلالمايدۇ. بالىلار بىلەن بىللە ئويۇن ئويناش، ئالاھىدە كۈنلەردە (مەسىلەن: ھېيت ـ بايرام، تەتىل كۈنلىرى) ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇش كېرەك. ئالاھىدە كۈنلەردە بالىلار قىممەتلىك ھەدىيە ياكى كىيىم ـ كېچەكلەردىن بەكرەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

ئۆزگە كۆرسىتىدىغان مېھرى ـ شەپقىتىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە بىر نەرسىلەرنى ئورتاقلىشىش ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇش، ئويۇن ئويناش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىش دېگەندەك مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىش كېرەك. تاماق ۋاقىتلىرىدىمۇ مۇمكىنقەدەر بىللە بولۇش كېرەك، چۈنكى كىشىنىڭ ئائىلە مېھرى ۋە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاقتى تاماق ۋاقتىدۇر.

## خۇشپېئىل بولۇش

بۇ دۇنيادا باقىي قالىدىغىنى خۇشخۇي سادادۇر.

ئائىلە مەلۇم مەزگىل ئەمەس، بەلكى ئۆمۈرۋايەت بىللە بولۇش شەرتى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئائىلە ھاياتى 50 ـ 60 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىشى مۇمكىن. بۇنچىۋالا يىل بىللە ئۆتمەكچى بولغان كىشىلەر سۆز ـ مۇئامىلىدە بىر ـ بىرىگە خۇشپېئىل بولۇشى، جورىسىغا ئۆزى ئاڭلاشنى ياقتۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشى، ئۆزى خالىمايدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى، بىر ـ بىرىنى يېقىمسىز لەقەملەر بىلەن چاقىرماسلىقى، نامۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن سۆپەتلىمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ھېچكىم ھاقارەتلىك ۋە كۆڭۈل رەنجىتىدىغان

سۆزلەرنى ئاڭلاشنى، قوپال مۇئامىلىگە دۇچار بولۇشنى خالىمايدۇ. بۇنداق سۆز ـ مۇئامىلىلەر كىشىنىڭ قەلبىدە ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. كونىلار: ”مىخ چىقسىمۇ، ئىزى قالىدۇ“ دەپتىكەن. گەرچە تەرەپلەر يارىشىپ قالسىمۇ، قوپال سۆز ـ مۇئامىلىدىن كۆڭلى رەنجىگەن كىشى بۇنى ئەسلا يادىدىن چىقىرالمايدۇ ۋە ھەر قېتىم ئەسكە ئالغىنىدا، قارشى تەرەپكە بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى سۇسلىشىپ، جەھلى قاتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق سۆز ـ مۇئامىلىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئىنسان كۆڭلىدە قالدۇرىدىغان جاراھەت شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. خۇددى تاختاي ئۈستىدىكى مىخ ئىزى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ تاختاينىڭ سۇنۇشى شۇنچە ئاسان بولغىنىدەك ياكى توختىماي چۈشكەن تامچىنىڭ تاشنى تېشىۋېتىش ئېھتىماللىقى بولغىنىدەك، يۈرەكمۇ بارا ـ بارا ساقايماس جاراھەت بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

ھەردائىم قوپال سۆز ـ مۇئامىلىدە بولۇش كىشىنىڭ ئىززەت ـ ئېتىبارىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، ھالبۇكى، كىشى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قولىدىن كېلىشىچە ئاسراپ، قوغدىشى لازىم. ئائىلە ھاياتىدا كۆرسىتىلگەن خۇشپېئىل، يېقىملىق مۇئامىلە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ.

# پاكىزە بولۇش كېرەك

﴿اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[1].

ئائىلىدە تازىلىقنى ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي تازىلىق دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئۆينىڭ تازىلىقى، بولۇپمۇ ئاشخانا، مۇنچا ۋە ھاجەتخانىنىڭ تازىلىقى بەكمۇ مۇھىم. تازىلىق ئالدى بىلەن پاكىزلىق ۋە سالامەتلىك ئۈچۈن، ئۇندىن قالسا، پسىخولوگىيىلىك ئامىللار ئۈچۈنمۇ مۇھىم دەپ قارىلىدۇ. پاكىز بولسىمۇ، بىسەرەمجان، ھاۋاسى بۇلغانغان ئۆيلەرمۇ كىشىنى بىئىختىيار ھالدا بۇرۇختۇرما قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلە ھوزۇرى ئۈچۈن ئۆيلەردە ئومۇمىي تازىلىق قىلىپ تۇرۇش ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى سەرەمجان تۇتۇش كېرەك. ئۆينى تازىلىغان ياكى سەرەمجانلاشتۇرغان كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلۈشى ۋە ئۆينىڭ پاكىز تۇتۇلۇشى ئۈچۈن ھەممەيلەن ئالاھىدە دىققەت قىلىشى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لازىم. چۈنكى پاكىز ۋە سەرەمجان مۇھىتنى ”قوغداش“، ئۇنى ”بەرپا قىلىش“قا ئوخشاشلا مۇھىم.

ئومۇمىي تازىلىقتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىدىن بىرى شۇكى، ئىنسان ھەددىدىن زىيادە چىچەن ياكى بەكلا بولۇمسىز بولماسلىقى كېرەك. ھەددىدىن زىيادە پاكىزلىق باشقىلارنى خۇددى بولۇمسىزلىققا ئوخشاشلا دىلىغۇللۇققا سېلىپ، بىئارام قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئائىلە ئەزالىرى ئۆينى تازىلاش ۋە پاكىز تۇتۇش ئۈچۈن چامىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، بىر ـ بىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى يادىدىن چىقارماسلىقى لازىم. ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرى پاكىز ۋە رەتلىك، يەنە بىرى بولۇمسىز بولۇپ قالسا، ئاردا زىددىيەت پەيدا بولۇپ، ئائىلە ھوزۇرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سالامەتلىك ۋە ھوزۇرنىڭ ئاساسى ھېسابلىدىغان پاكىزلىق ـ ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

خۇسۇسىي تازىلىق بەدەن، چاچ ـ ساقال، ئېغىز ـ چىش ۋە كىيىم ـ كېچەك تازىلىقىدىن تەشكىل تاپىدۇ. خۇسۇسىي تازىلىقمۇ خۇددى ئومۇمىي تازىلىققا ئوخشاش سالامەتلىك ۋە كۆڭۈل ھوزۇرىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ھېچكىم ئۆز جورىسىنىڭ چىشلىرى تازىلانماي سارغىيىپ، سېسىپ كەتكەن، پۇراپ تۇرىدىغان؛ چاچلىرى تارالمىغان، مەينەت ۋە قالايمىقان؛ بەدىنى يۇيۇلماي قاسماق بېسىپ كەتكەن، تەر پۇراپ

تۇرىدىغان؛ كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە قىممەت باھالىق ئەتىر پۇرىشى شەرت ئەمەس، سۇ بىلەن سوپۇننىڭ پۇرىقى كۇپايە قىلىدۇ. بۇ، ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا قىلىنغان ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئايال (ياكى ئانا) ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، بولۇپمۇ ئېرىنى يۈز ـ كۆزى قاسماق باسقان ھالدا ئەمەس، بەلكى پاك ـ پاكىز يۇيۇلغان؛ تازىلىق كىيىملىرى بىلەن ئەمەس، پاكىزە كىيىملىرى بىلەن؛ تاماق ياكى تەر پۇرىقى بىلەن ئەمەس، سۇ، سوپۇن ۋە كولون سۇيى پۇرىقى بىلەن؛ چاڭگا باش بىلەن ئەمەس، چىرايلىق يۇيۇپ ـ تارالغان چاچ بىلەن؛ چىرايى سۇلغۇن، چىلتىكى سۆكۈلگەن ھالدا ئەمەس، بەلكى رەتلىك ۋە چىرايلىق كۈتۈۋېلىشى لازىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەپەردىن قايتقىنىڭلاردا، ئۆيۈڭلارغا تۇيۇقسىز كىرمەڭلار. ئائىلەڭلاردىكىلەر چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن ۋە قىلىدىغان تازىلىقى بولسا قىلىۋالسۇن!» دېيىش ئارقىلىق، ئايالنىڭ ئېرىنى قانداق كۈتۈۋېلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئايال ئېرىنى شۇنداق كۈتۈۋالغاندا، ھەم دۇنيا سائادىتى ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىن ئاخىرەت سائادىتى ئۈچۈن ئەجىر قىلغان بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۆيدە ئايالىنى كۈتۈۋېلىشى بىنورمال ئىش بولسىمۇ، ئۇمۇ ھەم ئۆزى ھەم ئايالىغا

بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئۆچۈن ئومۇمىي تازىلىققا رىئايەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تازىلىقىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

كۆز، مېڭە ۋە يۈرەك تازىلىقىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كۆز فوتو ئاپپاراتىغا ئوخشاش بولۇپ، كۆرگەن نەرسىسىنى سۈرەتكە تارتىپ، مېڭىگە يوللايدۇ. يۈرەك بۇ كۆرۈنۈشنى ھېسسىياتقا ئايلاندۇرىدۇ. مېڭىگە يوللانغان كۆرۈنۈشلەر يۈرەكتە يا سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ياكى غەشلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. پاكىز بەدەن ۋە رەتلىك ئۆيمۇ مېڭىدە رەسىم بولۇپ ساقلىنىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئەزالىرى بىر ـ بىرىنىڭ مېڭىسىگە قاراپ تويمايدىغان ۋە ھەمىشە قارىغۇسى كېلىدىغان، چىرايلىق رەسىملەرنى قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك.